# 321546 ـ هاراق ئىچىلىدىغان رىستورانغا تاتلىق تۆرۈم قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

مەن باقالى ۋە تۆرلۈك تاتلىق تۆرۈم نەرسىلەرنى پىشۇرىمەن، كېيىنكى ۋاقىتتا بىر قانچە دۇكىنى بولغان بىر كىشى مەندىن ئۆزىنىڭ دۇكىنىنى باقالى ۋە تۆرلۈك تاتلىق تۆرۈم نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى، بۇنداق قىلىش ئىسلامدا توغرا بولامدۇ؟، مەن ئىككىلىنىپ قالدىم، چۈنكى بۇ شەكىلدە مال سېتىپ تاپقان پۇل ھالال بولامدىغاندۇ؟، چۈنكى بۇ كىشى بەزى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن پۇلىدىن بېرىدۇ، مېنىڭ ئىككىلىنىپ قالغان يەنە بىر ئىشىم: بەزى كىشىلەر بۇ دۇكانغا بېرىپ باقالىلارنى يەپ بۇنىڭدىن ھوزۇر ئېلىش ئۈچۈن ھاراقمۇ ئىچىدىكەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مەس قىلىدىغان ئىچىملىك ئىچىدىغان كىشىگە باقالە ياكى تاتلىق تۆرۈم ياكى يىمەكلىك سېتىپ بېرىش توغرا بولمايدۇ .

"كەشاپۇل قىنا- 3 " توم-182 بەتتە مۇنداق دېگەن " :مەس قىلىدىغان ئىچىملىك ئىچىدىغان كىشىگە يىمەك، ئىچمەك سېتىپ بېرىش توغرا بولمايدۇ، ھاراق ئىچىدىغان كىشىگە ئىستاكان سېتىپ بېرىشمۇ توغرا بولمايدۇ، قىمار ئوينايدىغان كىشىگە تۇخۇم ۋە ياڭاق قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىپ بېرىشمۇ توغرا بولمايدۇ."

باقالە ۋە تاتلىق تۆرۈم نەرسىلەر ئادەتتە ھاراق بىلەن ئىستىمال قىلىنىدىغان بولسا ئۇلارغا ۋە ئۇنداق نەرسە ساتىدىغان دۇكانغا سېتىپ بېرىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا گۇناھ-مەسىيەتكە ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ.  بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلا تَعَاوَنُوا عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ تەرجىمىسى: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق» [سۈرە مائىدە- 2 ئايەت.]

ئەگەر باقالى ۋە باشقا تاتلىق تۆرۈملەر ھاراق-شاراپلار بىلەن ئىستىمال قىلىنمايدىغان بولسا، پەقەت سۇ ۋە مېۋە سۈيىگە ئوخشاش قىزىققان كىشىلەرگە سېتىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھاراق ئىچىش بىلەن ئالاقىسى بولمىسا ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى ساتسا بولىدۇ.

ئەگەر شەكتە بولۇپ قالسا ساتماسلىق ياخشىدۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.